# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي
19
شەنبە
维吾尔文 10 月19日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com　24853 - سان　بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەم خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن كوللېكتىپ كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۆيۇڭ، لى شۆەنلياڭ، مېي شىشيۇڭ)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋۇخەندە 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەم خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن كوللېكتىپ كۆرۈشۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو ئارمىيەسىگە ۋاكالىتەن پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەنھەركەتچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: بۈگۈن بىز ۋۇخەندە 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىمىز، 100دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى 10 مىڭ نەپەرگە يېقىن ھەربىي دەريا شەھىرىگە جەم بولۇپ، ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئېلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق يېزىدۇ. تەنتەربىيە جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ئادىمىيەت ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەربىيلەر بىلەن تەنتەربىيەنىڭ تەبىئىي مۇناسىۋىتى بار، قارىغا ئېتىش، مارافونچە يۈگۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن تەنھەركەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئىشلارنى مەنبە قىلغان. ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈپ ھەم ساغلاملاشتۇرۇپ، ئارمىيەنىڭ ئىرادىسى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى مۇجەسسەملەپ، ھەربىيلەرنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، ئارمىيەلەر ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ئارمىيەسى ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارالىق ھەربىي ئىشلار تەنھەركەت مۇسابىقىلىرىگە پائال قاتناشتى، بولۇپمۇ 1978 - يىلى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىگە كىرگەندىن بۇيان، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە تەنھەركەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى ئىشلىرىنىڭ تەشەببۇسكار قاتناشقۇچىسى، ئاكتىپ قۇرغۇچىسى، مۇھىم تۆھپىكارىغا ئايلاندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**تۆۋەندىكى سۈرەت:** 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ۋۇخەندە تەكلىپكە بىنائەن 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەم خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن كوللېكتىپ كۆرۈشۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو ئارمىيەسىگە ۋاكالىتەن پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ھەرقايسى دۆلەت تەنھەركەتچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. سۈرەتتە: كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەم خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى



10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ۋۇخەندە 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

# 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسى ۋۇخەندە داغدۇغىلىق باشلاندى

## شى جىنپىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۆيۇڭ، لى شۆەنلياڭ، لى جىنفېڭ)** ھەربىيلەرنىڭ شان - شەرىپىنى يارىتىش، دۇنيا تىنچلىقىنى بەرپا قىلىش. 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە داغدۇغىلىق باشلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسى دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك خەلقئارالىق ھەربىي ئىشلار تەنھەركەت مۇسابىقىسى، شۇنداقلا بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىدىن كېيىن دۆلىتىمىز ئۆتكۈزگەن كۆلىمى ئەڭ زور خەلقئارالىق كاتتا تەنھەركەت مەرىكىسى. 109 دۆلەتتىن كەلگەن 9300دىن كۆپرەك ھەربىي تەنھەركەت ئەزىمەتلىرى دەريا شەھىرى ۋۇخەندە بىللە ماھارەت كۆرسىتىپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە، 60 مىڭغا يېقىن تاماشىبىن سىغىدىغان ۋۇخەن تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ ئاساسىي تەنھەركەت مەيدانىدا قىقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈلۈپ، كەيپىيات قىزغىن بولدى.

سائەت دەل 20دە، مېھمان كۈتۈش بۇرغىسى چېلىندى، شى جىنپىڭ خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەركىتى كېڭىشىنىڭ رەئىسى پىچىرىلو قاتارلىقلار بىلەن مۇسابىقە مەيدانىغا كىرىپ كەلدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى. 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى.

«قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» ناملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، بىر غايەت زور بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق نۇسخىسى تەنتەربىيە مەيدانىغا تولۇق يېيىلدى، ئارقىدىن يەنە بىرىكىپ «جۇڭگو» دېگەن خەت شەكلىگە ئۆزگەردى. چىراغ نۇرلىرى، مۇزىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇسابىقە بەلگىسى «تىنچلىق دوستلۇق رىشتىسى» يورۇتۇلۇپ، تىنچلىق كەپتىرىنىڭ نۇسخىسى مەيدان مەركىزىدە پەيدا بولدى.

مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ فىرانسۇزچە نامىنىڭ باش ھەرپى تەرتىپى بويىچە رەتلىك مەيدانغا كىردى. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرىقى رەئىس سەھنىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلار قىزغىن چاۋاك چېلىپ، يىراقتىن كەلگەن تەنھەركەتچىلەرنى قارشى ئالدى. ساھىبخانا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كىردى، تەنھەركەتچىلەر رەتلىك ھەربىي قىياپەت، روھلۇق ھالەتتە، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ رەئىس سەھنىسى ئالدىدىن ئۆتتى. شى جىنپىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قول ئىشارىتى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)




### چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنە يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

تىيانشان رايونى ئىتتىپاق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى خۇاڭچېڭ مەھەللىسىدە، چېن چۈەنگو مەھەللە خىزمەتچىلىرى بىلەن سەممىمىي سۆھبەتلىشىپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ھەر مىللەت ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: تەربىيەنى ئوچۇق - ئاشكارا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىدىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو تىيانشان رايونى ئىتتىپاق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى خۇاڭچېڭ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى يۈسۈپجان تۇراقنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ۋە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

□ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

# شى جىنپىڭ 2019 سانائەت ئالاقە تورى يەرشارىۋى باشلىقلار يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 سانائەت ئالاقە تورى يەرشارىۋى باشلىقلار يىغىنى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى لياۋنىڭ شېنياڭدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر دۇنيادا يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسپ ئۆزگىرىشى تېز ئىلگىرىلەپ، سانائەت ئالاقە تورى تېخنىكىسىدا ئۈزلۈكسىز بۆسۈش بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى، شۇنداقلا يەرشارىۋى كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېڭى پۇرسەت ھازىرلىدى. جۇڭگو سانائەت ئالاقە تورىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە سانائەت ئالاقە تورىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كەڭ ساھەدىكى، تېخىمۇ چوڭقۇر دەرىجىدىكى، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ.


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP